ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# جاۋ يىمەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

شۇ گۇاڭرۇڭ

# جاۋ يىمەن

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسقەر مۇھەممەدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

赵一曼 / 徐光荣编著；艾斯卡尔·买买提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5（2007.4重印）
（少年红色经典）
ISBN 978-7-228-10136-8

Ⅰ.赵… Ⅱ.①徐…②艾… Ⅲ.儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第049268号

策　　划：艾克拜尔·艾力
责任编辑：阿扎提·阿里玛斯
责任校对：米丽古丽尔·买合苏提
阿达来提·吾布利哈斯木

**赵一曼**（维吾尔文）

艾斯卡尔·买买提　译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　7.875印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第3次印刷
印数：7061—11060

---

ISBN 978-7-228-10136-8　定价：14.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社2004年9月1版， 2004年9月第1次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئىبلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىگۇل ئوبۇلقاسىم
ئادالەت مەخسۇت

## جاۋ يىمەن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەسقەر مۇھەممەدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 7.875 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 7061——11060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10136 — 8
باھاسى : 14.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تـوقـۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىلـ-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىـدۇ. بـۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجـا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسـى ۋە ئـوقـۇش-چانلىقىنى ئېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىـدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئـۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىـپ تـۇرىـدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستېـ-تىك رولىغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قـەھـرى-مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتـىـقـاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقـىلـىـق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كـارتـون فـىلـىـم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىـنـى ئـويـنـاپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىنى-لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىـگـە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىـز، ئـىـنـ-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلـدۇرۇپ، ئـۈز-لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئـۇ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

جاۋىمەن نەدىن كەلگەن ........................ 1
بەيياڭزۇيدىكى تەرسا قىز ........................ 11
غەلىتە چوڭ يېزنە ........................ 26
قەلبىدە يانغان چوغ ........................ 38
ئۆز ـ ئۆزىنى ئازاد قىلىش ........................ 52
يىبىڭدىكى تۇنجى كالتە چاچلىق قىز ئوقۇغۇچى ........................ 74
«ئەجنەبىيلەر كىرسىنى»نى قىرغاقتا چىقىرىشقا رۇخسەت
يوق ! ........................ 85
تۇنجى سىناق ........................ 99
موسكۋاغا سەپەر ........................ 110
خاربىندىكى يالغان «ئەر ـ خوتۇن» ........................ 120
«ئورماندىكى ئاق ئاتلىق ئايال پادىشاھ» ........................ 135
«بىزنىڭ ئايال سىياسىي كومىسسارىمىز» ........................ 147
زۇيپېزى جىلغىسىدىكى خەتەر ........................ 160
جازا مەيدانىغا تۇنجى قېتىم چىقىش ........................ 170
قەتئىي تىز پۈكمەسلىك ........................ 180
دوختۇرخانىمۇ جەڭ مەيدانى ........................ 189
قەپەسنى بۆسۈپ چىقىش ........................ 207
قان ۋە ياش بىلەن يېزىلغان ۋەسىيەتنامە ........................ 218
مەڭگۈ ياڭراق ناخشا ئاۋازى ........................ 232
ئۆچمەس مەشئەل ........................ 238

# جاۋ يىمەن نەدىن كەلگەن

1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى.

شۇ كۈنى، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدا سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سىم - سىم يامغۇردا، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى ھېسابلىنىدىغان مايىخې دەرياسى بويىدىكى مەشھۇر شاڭجى شەھىرىدە كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان بىر مۇراسىم — ئىنقىلابىي قۇربان جاۋ يىمەننىڭ خاتىرە سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.

بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرىكى مۇشۇ كۈنى، ئايال قەھرىمان جاۋ يىمەن مۇشۇ يەردە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانىدى.

تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، شەھەر - يېزىلاردىن كەلگەن ئامما ئايىغى ئۈزۈلمەي، خاتىرە سارىيى ئالدىغا توپلىنىشقا باشلىدى. شەھەر باشلىقىنىڭ خاتىرە سارىيىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىغان سۆزى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ، كىشىلەر چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن ئاستا مېڭىپ، كۆرگەزمە زالىغا كىرىشتى. كۆرگەزمە زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جاۋ يىمەننىڭ ھەيكىلى مەردانە قىياپەتتە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كالتە قىرقىم چاچلىق، كېلىشكەن جاۋ يىمەن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆكرىكىنى كېرىپ تۇراتتى، بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن تولۇپ تاشقان قەتئىيلىك

ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن ھۆرمەت ـ ئىكرام ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتىنى بىلدۈرۈشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، جاۋ يىمەن شاڭجى شەھىرىدىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىنقىلابىي قۇربان بولۇپلا قالماستىن، يەنە جۇڭگو زېمىنىدىمۇ ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان ئايال قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. جاۋ يىمەننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىسىلا، ئۇنىڭ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان چوڭقۇر تاغ ئارىسىدىكى قېلىن ئورمانلىقتا ماۋزېرىنى چىڭ تۇتۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەختكە قارشى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەزمۇت قەدەم بىلەن جازا مەيدانىغا كېتىۋاتقان چاغدا ئېيتقان جەسۇرانە ناخشىسى كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى ...

ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن 45 يىل ئىلگىرى، ئۇ كىشىلەرگە يەشكىلى بولمايدىغان بىر سىرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ سىر 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قويۇلغان ھېكايە فىلىم «جاۋ يىمەن»دىن كېلىپ چىققان.

«جاۋ يىمەن» شەرقىي شىمال كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تېما قىلىنغان يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى ھېكايە فىلىمى. فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى، ئايال كومپارتىيە ئەزاسى جاۋ يىمەن ۋە ئۇنىڭ يولدىشى لاۋ ساۋ 1933 ـ يىلى خاربىنغا كېلىپ، ئىشچىلارنى ئىش تاشلاپ، ياپون باسقۇنچىلىـ

رىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئىش
تاشلاش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يۆتكىلىپ، يېزىلارغا بېرىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى تەشكىللەي-
دۇ، كۆرمىڭلىغان يۇرتداشلار ئۇلارنىڭ چاقىرىقى بىلەن ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. ئۇزاق ئۆت-
مەي، لاۋ ساۋ قولغا ئېلىنىپ، پاجىئەلىك هالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.
جاۋ يىمەن قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۈزلۈك-
سىز كۆرەش قىلىپ، ئېگىز تاغ، قېلىن ئورمان ئىچىدە يۆتكى-
لىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىدۇ. 1935 ـ يىلى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ قوشۇنى قىزىل ئارمىيىنىڭ شى-
مالىي شەنشىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتقان چاغدا،
دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالىدۇ. جاۋ يىمەن قىسمىنىڭ چېكىنى-
شىنى قوغداش جەريانىدا، بەختكە قارشى يارىلىنىپ ئەسىرگە
چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئالدىدا
قەتئىي تىز پۈكمەيدۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان مەز-
گىلىدە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىدىن
قېچىپ قۇتۇلماقچى بولىدۇ، ئەمما دۈشمەننىڭ قورچاق هەربىي
ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق تەقىب قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇ يەنە قولغا
ئېلىنىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ.

قەهرىمانىنىڭ هېكايىسى ۋە جاۋ يىمەننىڭ رولىنى ئالغان
ئايال ئارتىس شى لىيەنشىڭنىڭ رولنى چىنلىق بىلەن ئېلىپ
چىقىشى شۇ يىللاردا ئېكران ئالدىدىكى كۆرمىڭلىغان تاماشى-
بىننى تەسىرلەندۈرگەنىدى. جاۋ يىمەن لىيۇ خۇلەنگە ئوخشاشلا
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كەڭ ياشلار ـ ئۆس-
مۈرلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قىزغىن سۆيىدىغان ئىنقىلا-
بىي قۇربانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

لېكىن، نۇرغۇن ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر قۇربان بولغان قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش ئىستىكىدە، جاۋ يىمەننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ــ ئىزلىرى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشماقچى بولغاندا، نۇرغۇن سوئاللارغا دۇچ كەلدى:

ئۇ زادى كىم؟

ئۇ نەدىن كەلگەن؟

ئۇ قانداق قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرىدىغان ئىنقىلاب يولىغا ماڭدى؟

......

بىر ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، جاۋ يىمەن بىر مەزگىل ئائىلىسى بىلەن بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويىدۇ. ئىلگىرى جاۋ يىمەن بىلەن بىللە تۇرغان نۇرغۇن يولداشلار ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز بىلەتتى. دۈشمەننىڭ يالغان ئارخىپىدا، جاۋ يىمەن توغرىسىدىكى خاتىرىلەر تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى.

ئارخىپتىن 1936 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى «مانجۇرىيە كۈندىلىك خەۋەرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان مۇنداق بىر پارچە خەۋەر تېپىلدى ــــ «ئاق ئاتقا مىنگەن قىزىل كىيىملىك ساھىبجامال ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، مانجۇرىيە ۋە ياپونغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ، خىزمەت ئۈچۈن قىلىن ئورمانلىقتا يۈرمەكتە.» خەۋەرنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

*قىزىل كىيىم كىيىپ، ئاق ئات مىنگەن. تاغۇئورمانلاردىن ھالقىپ، يايلاقلاردا ئۇچقاندەك چېپىپ، گويا ئورمان پادىشاھىدەك ھەرياندا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن جاۋ يىمەن (27 ياش) شەندۇڭ*

此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئۆلكىسىنىڭ جىنەن دىيارىدىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوم-
پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بىر ساھىبجامال، ئۇ پىر-
قىمىز تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ئايال خىزمەتچى سۈپىتىد-
ە، مانجۇرىيە ۋە ياپونغا قارشى تەلۋىلەرچە ھەرىكەت ئېلىپ بې-
رىش جەريانىدا، ئوغرىلىقچە ھەريان قاتراپ، ئاخىر ۋاڭ خۇيتاڭ
بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىدى. ئۇ جىنەن ئۆلكىسىدىكى ئون
نەچچە تۇمەنلىك بايلىققا ئىگە بىر كاپىتالىست ئائىلىسىدە تۇ-
غۇلغان، تۆت يېشىدىن باشلاپ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىدىن تەربىيە
ئالغان، 15 يېشىدا شۇ جايدىكى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپكە
كىرگەن، 17 ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا ئاتا - ئانىسى ۋاپات
بولۇپ، ئوقۇش خىراجىتى تۆرىلەر باشقۇرۇشىدىكى دارىلمۇئەل-
لىمىنگە يۆتكىۋېتىلگەنلىكتىن، 19 ياشقا كىرگەن يىلى 3 -
ئايدا، خۇاڭپۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، ئەمما
كېيەل تۇپەيلىدىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەتكەن ھەمدە شۇ چاغ-
دىكى دارىلمۇئەللىمىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاڭ زىمىڭ بىلەن توي
قىلغان، 21 يېشىدا بىر باللىق بولۇپ، مىنگونىڭ 20 - يىلى
ئەر - خوتۇننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 8000 يۇەن ئىئانە قىلىپ،
فېڭ تيەندىكى شياۋ شىگۇەنگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە بىر
مىلىچمال دۇكىنى ئاچماقچى بولغاندا، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسى
يۈز بەرگەن. ئۇ 7000 يۇەن پۇلنى ھەدىسىگە بېرىپ، ئۆزى 100
يۇەننى ئېلىپ، بالىسىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويغان. شۇنىڭدىن
كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى پاراكەندىچىلىك بىلەن تولغان
شېنياڭ (فېڭتيەن)دىن ئايرىلىپ، خاربىنغا كۆچۈپ بېرىپ ئول-
تۇراقلاشقان ھەمدە ئۇ يەردە ئېرى ئۆگىنىۋالغان سۇرەتكە تارتىش
تېخنىكىسىغا تايىنىپ، بىر رەسىمخانا ئاچماقچى بولغان ... قول-
غا ئېلىنغان چاغدا، ئۇ سوراقچى ئەمەلدارغا ئۆز ھېسسىياتىنى

*تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:*

*«مېنىڭ مەقسىتىم ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش. بۇ*
*خۇددى سىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇيۇشمىغا بوز-*
*غۇنچىلىق قىلىپ، مېنى قولغا ئېلىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلىـ-*
*قىڭلارغا ئوخشايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلەرگە خاس مۇددىئايىڭلار*
*بار، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس مۇددىئايىم بار. مانجۇرىيە ۋە ياپونغا*
*قارشى تۇرۇپ، مانجۇرىيە ۋە ياپونغا قارشى ھەرىكەتنى قانات ياي-*
*دۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش مېنىڭ مۇددىئايىم، مەسلىكىم ۋە ئې-*
*تىقادىم ...»*

دۇشمەننىڭ قورچاق گېزىتىدىكى بۇ خەۋەردە، جاۋ يىمەننىڭ
ئېتىقادى ۋە مەقسىتى توغرىسىدىكى قىسمى ئەينى ۋاقىتتا ئى-
شەنچلىك ئىدى. ئەمما بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۇنىڭ يۇرتى ۋە تەر-
جىمىھالىغا چوڭ بىر سوئال بەلگىسى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.
چۈنكى، جاۋ يىمەن بىلەن بىللە ئىشلىگەن ۋە كۆرەش قىلغانلىـ-
كى ئادەمنىڭ ھەممىسى جاۋ يىمەننىڭ ھەقىقىي سىچۈەن تەلەپ-
پۇزىدا سۆزلەيدىغانلىقى، بۇنى ياپونلار ئاڭقىرالمىسىمۇ، جوڭگو-
لۇقلارنىڭ ئېنىق پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. رو-
شەنكى، بۇ تەرجىمىھالنى جاۋ يىمەن دۈشمەننى كولدۇرلىتىش
ئۈچۈن توقۇپ چىققانىدى.

دۈشمەننىڭ يالغان ئارخىپىدا، ئىلگىرى مانجۇرىيە دۆلىتى-
نىڭ بىڭجياڭ ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتى ئالاھىدە ئىشلار بۆلۈمى
تاشقى ئىشلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان، جاۋ يىمەننى
قىيناپ سوراق قىلغان دايې تەيجى خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان:

*ئىسمى: جاۋ يىمەن. يېشى: 27 ياش. بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى: بۇلتۇر ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ خاربىنغا كەلگەن. مەدەنىيەت سەۋىيىسى: جۇڭگو ئاياللىرى ئىچىدە، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى. ۋەزىپىسى: ئاياللارنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ...*

*جاۋ يىمەن 1935 ـ يىلى ئەتىيازدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىمالىي مانجۇرىيىگە ياپونغا قارشى تۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. شۇ يىلى يازدا خاربىندا، ئېرى جاۋ جىمىڭ ياپون ژاندارمىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىغا چۈشۈپ، جۇخې ناھىيىلىك كومىتېتنى قۇرۇپ، گېنېرال جاۋ شاڭجىنى مەركەز قىلغان ھالدا، نەچچە تۈمەن دېھقاننى مانجۇرىيە ۋە ياپونغا قارشى كۈرەشكە تەشكىللىگەن.*

ئەھۋالنى بىلىدىغان كىشىلەر بۇ يەردىكى جاۋ يىمەن توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگىمۇ راست ـ يالغان ئارىلاشقانلىقى، ئۇنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى يەنىلا بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايدۇ.

قورچاق ساقچى نازارىتىنىڭ ئەمەلدارى، ئىشپىيونلار باشلىقى لىن كۇەنجۇڭ ھىيلىگەر ئەبلەخ بولۇپ، ئۇ جاۋ يىمەننى مۇنداق سوراق قىلغان:

*لىن كۇەنجۇڭ: تەلەپپۇزۇڭدىن قارىغاندا، سەن بۇ يەرلىككە ئوخشىمايدىكەنسەن. جۇڭگولۇق بىر دوستۇم ماڭا سېنىڭ تەلەپپۇزۇڭنىڭ شەندۇڭدىكى جىنەنلىكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، راستمۇ؟*

## جاۋ يىمەن: مېنىڭ يۇرتۇم سىچۈەندىكى مېيجۇ ...

سىچۈەندىكى چېڭدۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئېمېيشەن ناملىق مەشھۇر بىر تاغ بار. تاغ ئېتىكىدە ئېمېي ۋە مېيشەن دېگەن ئىككى ناھىيە بار، ئەمما مېيجۇ دېگەن يەر يوق. لېكىن سىچۈەندىكىلەر كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشقا يولۇقسا، «مېيجۇغا باردىم» دەپ، بۇ سۆزنى نەس باستى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ئۆزىنى «جۇڭگونى بىلىمەن» دەيدىغان ياپون ئىشپىيونى لىن كۇەنجۇڭ جاۋ يىمەنىنىڭ بۇ يەردە ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ ئاڭقىرالىسۇن !

جاۋ يىمەنگە ئوخشاش ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن نام - ئەمەلنى يوشۇرۇپ، ئۆلسىمۇ دۈشمەنگە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ناھايىتى كۆپ. جازا مەيدانىدا توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى مەزگىلىدىكى ئىشچىلارنىڭ رەھبىرى جۇ ۋېنيۇڭ ئىنقىلابىي خىزمەت ئۈچۈن ئۆزى بىلەن يالغاندىن ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ، كېيىن ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇپ قالغان چېن تيېجۈن دەل ئاشۇنداق بىر جۈپلەر ئىدى؛ يولداش لى پېڭنىڭ دادىسى لى شوشۈەن خەينەنداۋغا كېلىپ قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرۇۋاتقان چېغىدا قولغا ئېلىنىدۇ، ئۇ ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەسلىككە ئىرادە باغلاپ، ئىسمىنى لى شىشۈەنگە ئۆزگەرتىپ، يۇرتىنى يالغان مەلۇم قىلىپ، دۈشمەنگە ھەرگىزمۇ تەشكىلىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىمايدۇ ...

ئەمما، ۋەتەن ۋە مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە نائىل بولىدۇ. يېقىن كىشىلىرىمىزنى سېغىنىش يۈزىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ

مۇھىمى كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋاقىتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش زۆرۈر.

«جاۋ يىمەن» فىلىمى مەملىكەت بويىچە قويۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، جاۋ يىمەننىڭ كەچۈرمىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنغان بىر پارچە تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سابىق ج ك پ مانجۇرىيە ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خې چېڭشياڭ ۋە سابىق شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە 3 ـ جۈننىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى فېڭ جۇڭيۈننىڭ قولىغا تېگىدۇ. بۇ ماتېرىيالدا، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يىبىڭ رايونىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى لى كۇنجيېنىڭ خەت ـ چەكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى لى كۇنتەيىنىڭ ئىز ـ دېرىكى سۈرۈشتە قىلىنغانىدى. لى كۇنتەي 1923 ـ يىلى يۇرتىدا سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن، 1926 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، 1927 ـ يىلى كۈزدە پارتىيە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، 1931 ـ يىلى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسى يۈز بېرىپ، شەرقىي شىمالغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىسىدىكىلەر زادىلا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمايدۇ. ھېلىقى خەتتە يەنە لى كۇنتەيىنىڭ بىرقانچە پارچە سۈرىتىمۇ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، سۈرەتتىكى لى كۇنتەي كالتە قىرقىم چاچ، سوقىچاق يۈز، چىرايلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىدىن قەيسەرلىك، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىز ئىدى ...

ـــ دەل شۇ ! ئۇ دەل جاۋ يىمەن شۇ ! ـــ دېدى خې چېڭشياڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ.

— چاتاق يوق، لى كۇنتەي دەل شۇ جاۋ يىمەن ! — گېنېرال فېڭ جۇگيۇنمۇ جەزملەشتۈردى.

تەشكىل لى كۇنجيې تەمىنلىگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىلگىرى لى كۇنتەي، يەنى جاۋ يىمەن بىللە ئىشلىگەن ۋە كۆرەش قىلغان يولداشلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن يېقىن سەپداشلىرىنى تېپىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئوغلىنىمۇ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئۇلۇغ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تۆھپە قىلغان مەشھۇر ئايالنىڭ مەردانە ھاياتى ئاستا - ئاستا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن نامايان بولدى. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن نۇرلۇق ھايات ئىزلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس تەسىرلىك قەسىدە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان دەۋر سىمفونىيىسىگە ئايلاندى ...

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com